# مەن سىزنىڭ مەندىن خۇرسەن بولغان ۋە خاپا بولغان ۋاقتىڭىزنى بىلىمەن

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا: «مەن سىزنىڭ مەندىن خۇرسەن بولغان ۋە خاپا بولغان ۋاقتىڭىزنى بىلىمەن» دېگەندە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: بۇنى قانداق بىلىلا؟ دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «مەندىن خۇرسەن بولسىڭىز مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم دەيسىز، ئەگەر مەندىن رەنجىپ قالسىڭىز ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم دەيسىز» دېدى، مەن: ئاللاھ بىلەن قەسەم ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! شۇنداق قىلىمەن، پەقەت سىلىنىڭ ئىسمىلىرىنى تاشلاپ قويىمەن دېدىم

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ماڭا: «مەن سىزنىڭ قانداق ۋاقىتتا مەندىن خۇرسەن بولغان ۋە قانداق ۋاقىتتا مەندىن رەنجىپ قالغانلىقىڭىزنى ياخشى بىلىمەن» دېدى. مەن: بۇنى قانداق بىلىلا؟ دېدىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «سىز مەندىن خۇرسەن بولسىڭىز مۇھەممەدنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن قەسەم دەپ قەسەمىڭىزدە مېنىڭ ئىسمىمنى زىكىر قىلىسىز، ئەگەر دۇنيالىق ۋە ئەر-ئاياللىق تۇرمۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەلۇم ئىشلار بىلەن مەندىن رەنجىپ قالسىڭىز قەسەمىڭىزدە ئىبراھىمنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن دەپ مېنىڭ ئىسمىمنى ئىبراھىمنىڭ ئىسمىغا ئالماشتۇرىسىز» دېدى، مەن: شۇنداق ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلىدىن رەنجىپ قالغان ۋاقتىمدا تىلىمدىن پەقەت سىلىنىڭ ئىسمىلىرىنى تەرك قىلىمەن لېكىن قەلبىمدە سىلىگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت مۇستەھكەم ئورناپ كەتكەن دېدىم

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/11180

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee